# ئالەم زامانە
## (From the Beginning of Time)

ئالەم زامانە ، پاختەك يېگانە ،
ئالەم زامانە ، ئۈز خېنىم ، پاختەك يېگانە.
كىمنىڭ يارى سىز ئالمىخان ، تەتۈر پېشانە ،
كىمنىڭ يارى سەز ، تەتۈر پېشانە.

ئاسماندا ئاخچى ئۈز خېنىم ،
قوينۇمدا كاكچى.
ئاسماندا ئاخچى ئۈز خېنىم ،
قوينۇمدا كاكچى.

بۇ كەمدىكى ياش بالا ئاھ ئادىشىم ،
ھەممىسى موللاقچى.
بۇ كەمدىكى ياش بالا ئادىشىم ،
ھەممىسى موللاقچى.

ئۈنداق قىلىشۋالغۇم بار ، ئۈز خېنىم ،
بۇنداق قىلىشۋالغۇم بار.
ئۈنداق قىلىشۋالغۇم بار ، ئۈز خېنىم ،
بۇنداق قىلىشۋالغۇم بار.

ئا شاختا ياتقان چەللەكنى ،
گۈلباغ يېتىشۋالغۇم بار.
ئا شاختا ياتقان چەللەكنى ،
گۈلباغ يېتىشۋالغۇم بار.

بالۇۋاۋي قاتىپ ، ئېشەككە ،
ئۇگۇتنى ئاتىپ ، ختتا قوتا.
بالۇۋاۋي قاتىپ ، ئېشەككە
ئۇگۇتنى ئاتىپ.

تۈگمەنگە باغچە ئادىشىم
تازا قىلدى كىگەشنى
پۈشۈماي خام يەپتۇ ،
پىتىپ كۈمەشنى.
ئىمام ئاخۇنۇم دېمەيمەن ،
سەندەك كىكەچنى

ئا يۈزۈم ، قىلۋىغا ،
گەجگەم ، سولۋىغا.
ئا يۈزۈم ، قىلۋىغا ، ئۇز خېنىم
دۈمبەم ، سولۋىغا.

ئا ئىختىزا قىلدىم جۈمەدەپ
تۇراخون موللامغا.
ئا ئىختىزا قىلدىم جۈمە دەپ ،
تۇراخون موللامغا.

يول ماڭماك ئاكا ،
ئاستا مېڭ ئاكام.
يول ماڭماك ئاكا ،
ئاستا مېڭ ئاكا.

ئېرى بار خوتۇنغا ئۇھ ئادىشىم ،
گەپ قىلماڭ ئاكا.
ئېرى بار خوتۇنغا ،
گەپ قىلماڭ ئاكا.

گەپ قىلساڭ ئاكا ئاجان ،
تاياق يەيسىز باكا.
گەپ قىلساڭ ئاكا ،
تاياق يەيسىز باكا.

ئېرى بار خوتۇنغا ئاھ ئادىشىم ،
پۇل بۇزغان باكا.
ئىككەيلەننىڭ ئارىلىقىدا خېنىملار ،
ئوقۇدۇق نىكاھ.
ئىككەيلەننىڭ ئارىلىقىدا ،
ئوقۇدۇق نىكاھ ،
ئوقۇدۇق نىكاھ.